مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جېڭ جۇڭخۇا: ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرغان خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش قەھرىمانى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ تېلېگراممىسى. (مۇخبىر ۋاڭ چېڭ)** كەلكۈن كېلىپ ئاما قاپسىلىپ قالدى، مۇشۇنداق قىل ئۇستىدە تۇرغان پەيتتە، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، بىرىنچى بولۇپ كاتېرغا سەكرەپ چىقىپ قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى. ئاممىنى ئېلىپ ماڭغان كاتېر تېز ئېقىندا كونتروللۇقنى يوقاتقان پەيتتە، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن قوماندانلىق قىلغاچقا، ئالتە ئاما بىر ـ بىرلەپ كاتېردىن سەكرەپ چۈشۈپ خەتەردىن قۇتۇلدى، ئۆزى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، شۇ يىلى ئۇ ئاران 23 ياشتا ئىدى.

ئۇنىڭ ئىسمى جېڭ جۇڭخۇا، فۇجيەن ئۆلكىسى سەنمىڭ شەھىرى جياڭلې ناھىيەلىك ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتى 1 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى 1 ـ بەنىنىڭ سابىق بەنجاڭى. ھەربىي سەپكە كىرگەن بەش يىلدا، ئۇ شەرەپ بىلەن 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالانغان، كۆپ قېتىم قىسىمنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. 2004 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت جېڭ جۇڭخۇاغا «خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى.

2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۇدا ياغقان قارا يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان جياڭلې ناھىيەسىدە كەلكۈن كەلگەن. چۈشكە يېقىن، ۋەنئەن بازىرىدىكى ئالتە ئاما قۇم سۈزۈش كېمىسىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتمىسۇن دەپ، قارا يامغۇرغا قارىماي كېمىنى باغلاپ مۇقىملاشتۇرغان. كەلكۈن شىددەت بىلەن يېتىپ كەلگەن، ئالتە ئادەم قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، كەلكۈن مەركىزىدىكى كىچىك ئارالچاققا قاپسىلىپ قالغان، شىددەت بىلەن ئۆرلەۋاتقان كەلكۈن ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ھاياتىنى يۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

جياڭلې ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر تېز سۈرئەتتە نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەن، كوماندىر كاتېر بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ ئادەم قۇتقۇزۇشنى قارار قىلغان، جېڭ جۇڭخۇا بىرىنچى بولۇپ كاتېرغا سەكرەپ چىققان. بىراق قاپسىلىپ قالغان ئامما ئولتۇرغان كاتېر قايتىۋاتقاندا موتورنىڭ ئوتى تۇيۇقسىز ئۆچۈپ قېلىپ، كونتروللۇقنى يوقىتىپ، تېز سۈرئەتتە تۆۋەنگە قاراپ ئاققان. جېڭ جۇڭخۇا بامبۇك خادا بىلەن قىرغاقتىكى دەرەخ غولىنى ئىلىۋېلىپ، كاتېرنى مۇقىملاشتۇرغان ھەم ئالتە كەنت ئاھالىسىنىڭ كاتېردىن سەكرەپ چۈشۈشكە قوماندانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىرغاققا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپ خەتەردىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن. تۇيۇقسىز كىچىك دەرەخ بىراقلا سۇنۇپ كەتكەن، جېڭ جۇڭخۇا سۇغا سەكرەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قىرغاققا قاراپ ئۈزگەن، بەختكە قارشى كەلكۈن دولقۇنى ئۇنى تۇسمىنىڭ ئاستىغا ئەكىرىپ كەتكەن . . .

«ياشلىق، كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل. نۇرغۇن قۇرداشلىرىم كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، ئەمما مەن كۈندۈبويى سۇ ناسوسىغا ھەمراھ بولۇشنى تاللاپ، ھەر ۋاقىت چاقىرىققا بويسۇنۇپ كەلدىم. دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ئۈچۈن خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمىدىم، بۇنىڭدىن مېنىڭ قىلچە پۇشايمىنىم يوق.» جېڭ جۇڭخۇانىڭ تەۋەررۈكلىرىنى رەتلىگەندە، سەپداشلىرى ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن مۇشۇ بىر بۆلەك سۆزنى تاپتى.

1999 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەندىن بۇيان، جېڭ جۇڭخۇا ھەر قېتىملىق ئوت ئۆچۈرۈش ۋە خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە باشتىن ـ ئاخىر سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغان يارىدارلارنى يۆتكىدى، كەلكۈن ئاپىتىدە زەربىدارلىق بىلەن قۇتقۇزدى ... ھەر قېتىملىق قان بىلەن ئوت، ھايات ـ ماماتلىق سىنىقى ئالدىدا، ئۆزىنىڭ تېنى بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن بىخەتەرلىك توسمىسى بەرپا قىلدى.

جېڭ جۇڭخۇا بىزدىن ئايرىلدى، لېكىن «جېڭ جۇڭخۇا روھى» ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جياڭلې ناھىيەلىك ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش چوڭ ئەترىتى «خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش قەھرىمانى» جېڭ جۇڭخۇانى ئۈلگە قىلىپ، مەملىكەت بويىچە تۇنجى ئوت ئۆچۈرۈش خادىمىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان جېڭ جۇڭخۇا ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش پونكىتى، جېڭ جۇڭخۇا مەدەنىي ئىش ئورنى، جېڭ جۇڭخۇا بەنى تەسىس قىلىپ، «قەھرىماندىن ئۆگىنىشنى ھەرىكىتىدە كۆرسىتىش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. «جېڭ جۇڭخۇا روھى»نىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەملىكەتلىك «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» خۇاڭ جۈنلۇەن، «فۇجيەن ياشلىرىنىڭ ‹4 ـ ماي› مېدالى ئۈلگىسى» جۇڭ شېڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى مەيدانغا كەلدى.

# لى جۆرۈڭ:
# خەتەرلىك پەيتتە گراناتنى پارتلاتقان قارا نىيەتكە ئېتىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەيكوۋ تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ دېڭ)** «ئۇ ساقچى فورمىسى كىيىپ تامغا يۆلىنىپ، تاپانچىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى تەرەپنى قارىغا ئېلىپ تۇراتتى.» لى جۆدۇ ئىككىنچى ئىنىسى لى جۆرۈڭنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چاغدا، ئۇ يەنىلا جەڭ ھالىتىدە تۇرغانىدى.

لى جۆرۈڭ 1969 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خەينەن ئۆلكىسى دەنجۇ شەھىرىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1990 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىغا كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا دەنجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى داچېڭ، دۇڭچېڭ ساقچىخانىلىرىدا خەلق ساقچىسى، لەنشۇن ساقچىخانىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى، ۋاڭ ۋۇ ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى بولغان، ساقچى بولغان 15 يىلدا ئىزچىل ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلغان.

2000 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە، خې جىنتاڭ، خې دېڭيەن باشچىلىقىدىكى قوراللىق بۇلاڭچىلار جىنايەت گۇرۇھى دەنجۇنىڭ ئوتتۇرا، شىمالىي قىسمىدا غالجىرلارچە 17 قېتىم دېلو سادىر قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئوغرىلىق قىلىپ، قورال ـ ياراغ ئېلىپ ـ سېتىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، خەلقنىڭ غەزىپى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان.

2005 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچ سائەت 7لەردە، دەنجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، لى جۆرۈڭ ۋە تۇتۇش ئەترىتىنىڭ تۆت ئەزاسى خې دېڭيەننى تۇتماقچى بولغان. كەچ سائەت 8دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلار دەنجۇ شەھىرى مۇتاڭ بازىرى شىنخې كەنتى دۇڭفاڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يېنىدىكى ئامبۇلاتورىيەنىڭ ئارقىسىدىكى بىر ئېغىزلىق كىچىك ئۆيگە بېرىپ ئۇنى تۇتماقچى بولغاندا، خې دېڭيەن بىرنەچچە كەنت ئاھالىسى بىلەن بىللە تاماق يەپ ھاراق ئىچىۋاتاتتى. خەلق ساقچىلىرىنىڭ بۆسۈپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەسەبىيلەشكەن خې دېڭيەن يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان ئىككى دانە گراناتنى پارتلاتقان. ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە، سەپداشلىرى ۋە نەق مەيداندىكى بىگۇناھ ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، لى جۆرۈڭ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، خې دېڭيەننى يىقىتقان چاغدا، گرانات پارتلاپ، لى جۆرۈڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، 36 ياشلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

لى جۆرۈڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نام تولۇقلاپ بېرىلگەن، خەينەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىنغان.

شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، لى جۆرۈڭ ھايات ۋاقتىدا ھەممىشە ئىش بېجىرگىلى كەلگەن ئاممىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇلارنىڭ ئىشىنى ياخشى بېجىرىپ بېرەتتىكەن. ئۇ لەنشۇندە خىزمەت قىلغان ئالتە يېرىم يىلدا دائىم يېزىغا چۈشكەن، لېكىن ئەزەلدىن ئاممىنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ باقمىغان. چۈنكى ئۇ شۇ جاينىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىنى بىلەتتى.

لى جۆرۈڭ قۇربان بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى تەزىيە بىلدۈرۈش نەق مەيدانىغا بىر ئورۇق بوۋاي كېلىپ گۈەنسەينىڭ يېنىدا يېتىپ قاتتىق يىغلىغان. بوۋاي ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر لى ساقچىخانا باشلىقى بولمىغان بولسا، مەن ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم.» بوۋاينىڭ ئىسمى لى يوۋجېن بولۇپ، 2003 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، ئۇنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ، بېشى ئاغرىپ چىدىيالماي، جىيەن ئوغلىنى دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ دورا سېتىۋېلىشقا بۇيرۇغان. ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى دەل كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن لى جۆرۈڭغا ئۇچراپ قالغان. لى جۆرۈڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاغرىق ئازابىغا قارىماي، تېزلىكتە بوۋاينىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ھوشسىزلانغان بوۋاينى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان. دوختۇر: يېرىم سائەت كېچىككەن بولساڭلار، بوۋاينىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتەر ئىكەن، دېگەن.

دەنجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئالاھىدە ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ تارماق ئەترەت باشلىقى لىن ياۋشېڭ لى جۆرۈڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ۋاڭۋۇ ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى بولغان. ئۇ مۇنداق دېدى: لى جۆرۈڭ ئىلگىرى كۆپ قېتىم قوراللىق جىنايەت گۇماندارلىرىنى تۇتۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەش ئېغىر، زور ئاممىۋى خاراكتېرلىك قوراللىق ئۇرۇشۇش ۋەقەسىنى توسۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، قۇربان بېرىشكە جۈرئەت قىلىش روھىدۇر. بۇنداق روھقا دەنجوۋ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىدا ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنماقتا.

«مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، بىرىنچى سەپتىكى كادىر ـ ساقچىلارنىڭ ھەممىسى بۇيرۇققا، قوماندانلىققا قەتئىي بويسۇنۇپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. ئىككىنچى ئىنىم ئىلگىرى شۇنداق قىلغان، ھازىرقى خەلق ساقچىلىرىمۇ شۇنداق قىلماقتا» دېدى لى جۆدو.

# سۇڭ بىنشى: ئىسسىق قېنى بىلەن ئابىدە تىكلەش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن تېلېگراممىسى (مۇخبىر لياڭ شۇبىن)** خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، خاربىن شەھىرى نەنگاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى خېشىڭلۇ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى سۇڭ بىنشى پىچاق تۇتۇۋالغان قارا نىيەت بىلەن ئېلىشىپ ئېغىر يارىلىنىپ، بەختكە قارشى قۇربان بولدى. بۇ ئادەتتىكى مەھەللە خەلق ساقچىسى ھالقىلىق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسسىق قېنى بىلەن خەلق ساقچىسىنىڭ ئابىدىسىنى تىكلىدى.



سۇڭ بىنشىنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

سۇڭ بىنشى 1968 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان.

2008 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 20دىن 26 مىنۇت ئۆتكەندە، خېشىڭلۇ ساقچىخانىسى خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 110دىن كەلگەن ۋېنشىڭ كوچىسى 57 ـ يول ئاممىۋى ئاپتوبۇسنىڭ ئاخىرقى بېكىتىگە يېقىن جايدا بىرەيلەننىڭ تاياق يېگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان. نۆۋەتچى خەلق ساقچىسى سۇڭ بىنشى، جاڭ جېيچيۇ دەرھال ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا ئاتلانغان.

نەق مەيدانغا بارغاندىن كېيىن، ساقچىغا مەلۇم قىلغۇچى جياڭ X ئەر ـ خوتۇن پۈتۈن بەدىنى ھاراق پۇراپ كەتكەن ئۈچ ئادەمنىڭ سەۋەبسىز جېدەل چىقىرىپ، جياڭ Xنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ خەلق ساقچىلىرى كېلىشتىن بۇرۇن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، سۇڭ بىنشى بىلەن جاڭ جېيچيۇ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن گاۋ دۇڭنى توسۇۋالغان.

گاۋ دۇڭ قاچقۇدەك يول قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇيۇقسىز خەنجىرىنى چىقىرىپ خەلق ساقچىسىغا تىقىشقا ئۇرۇنغان. كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان سوغۇق نۇر چاقنىغاندەك بولغان، سۇڭ بىنشى تەبىئىيلا ئالدىغا ئۆتۈپ جاڭ جېيچيۇنى بەدىنى بىلەن توسۇۋالغان، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن ئىسسىق قان ئېتىلىپ چىققان. قارا نىيەت بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا، جاڭ جېيچيۇمۇ پىچاق تىقىلىپ يارىلانغان.

ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، خەلق ساقچىلىرى جىنايەت گۇماندارىغا ئوق چىقارمىغان. سۇڭ بىنشى كۆكرىكىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىغا قارىماي، گاۋ دۇڭنىڭ يوتىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان، جاڭ جېيچيۇ بېلىدىكى يارىنىڭ قاتتىق ئاغرىقىغا چىداپ تۇرۇپ ئۇنى يەرگە يىقىتقان، ئىككىيلەن ئەڭ ئاخىرقى كۈچى بىلەن ئۇنى بويسۇندۇرغان.

ياردەمگە كەلگەن خەلق ساقچىلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۇڭ بىنشى يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن ھوشىدىن كېتىپ قان ئىچىگە يىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى قولى بىلەن يەنىلا جىنايەت گۇماندارىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، سۇڭ بىنشى يارىسى بەك ئېغىر بولغانلىقتىن، ئۆلۈم بىلەن 16 كېچە ـ كۈندۈز قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، بەختكە قارشى قۇربان بولغان.

سۇڭ بىنشى قۇربان بولغاندىن كېيىن، نەچچە مىڭ ئاما ئۆزلۈكىدىن ساقچىخانىغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈرگەن. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەرگەن.

«قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كەلگەن چاغدا، ئۇ ھەممىشە ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتەتتى، خىزمەتلەردە تېخىمۇ ئالدىدا مېڭىپ، ئىشنى باشقىلاردىن بۇرۇن قىلاتتى.» خېشىڭلۇ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى لى خۇڭچى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان سۇڭ بىنشىنى مۇشۇنداق تەسۋىرلەپ بەردى.

2006 ـ يىلى قىشتا، ساقچىخانىنىڭ تەۋەلىك رايونىدا بىر قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپ، جىنايەت گۇماندارى قاتىللىق قورالىنى بەيجياپۇدىكى بىر قاقاسلىققا تاشلىۋەتكەن. شۇ كۈنى يېڭىلا قار ياغقان بولۇپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 20 سېلسىيە گرادۇس ئىدى. قاتىللىق قورالىنى تېپىش ئۈچۈن، سۇڭ بىنشى خىرە يول چىرىغىنىڭ نۇرىدا، قارلىق يەرنى بىر سۇڭ ـ بىر سۇڭدىن ئاختۇرغان. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، ئۇ ئاخىرى قاتىللىق قورالىنى تاپقاندا، ئىككى قولى مۇزلاپ قېتىپ قېلىپ، پىچاق دەستىسىنىمۇ تۇتالماي قالغان.

«باشقىلارنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارىم يوق، ساقچى بولغان ئىكەنمەن ساقچىدەك ئىش قىلىمەن. بەزىلەرنىڭ مېنى ياخشى دېيىشى ناتايىن، لېكىن مەن ھېچكىمنىڭ مېنى تىللىمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىم كېرەك» دەيتتى سۇڭ بىنشى دائىم.

سۇڭ بىنشىنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى ئىزچىل باياشات ئەمەس ئىدى، ئۇ تاكى قۇربان بولغۇچە ئانىسى بىلەن بىللە تۇرغان، ئۆزىنىڭ ئۆيى يوق ئىدى.

ئۇنىڭ «بېيىش» پۇرسىتى يوق ئەمەس ئىدى. سۇڭ بىنشى باشقۇرىدىغان تەۋەلىك رايونى خاربىن سېفەن داشۆسى شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇش رايونىغا تەۋە بولۇپ، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئائىلىنىڭ بارچە نوپۇسىنى مۇشۇ رايونغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلايتتى. بىراق سۇڭ بىنشى ئەزەلدىن پرىنسىپ بىلەن سودىلاشمىغان.

لېكىن ئۇ سىياسەت شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاممىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بەرگەن. تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلە گېڭ بوۋاينىڭ خوتۇنى بىلەن توي قىلغىنىغا ئون نەچچە يىل بولغان، خوتۇنىنىڭ نوپۇس مەسىلىسى ئىزچىل ھەل بولمىغان. سۇڭ بىنشى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملىشىپ بېجىرىپ بەرگەن، يەنە ئورۇنلاشتۇرۇلغان نوپۇسنى بوۋايغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. بوۋاي رەھمىتىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلغان. «ئۇ سىياسەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلارنى ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىپ بېجىرەتتى، ئەزەلدىن ‹ئۇستەك› ئالمايتتى» دېدى خىزمەتداشلىرى.

سۇڭ بىنشى قۇربان بولۇپ ھازىرغىچە ھەر يىلى چىڭمىڭدا سەپداشلىرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ. «ئۇ ئەينى يىلى دائىم ماڭا ئوخشاش يېڭى كەلگەن خەلق ساقچىلىرىغا كەسىپتە يېتەكچىلىك قىلاتتى، دېلونى قانداق بېجىرىش، ئامما بىلەن قانداق ئالاقە باغلاشنى ئۆگىتەتتى، گەرچە شۇنچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلار ھېلىھەم ئېنىق ئېسىمدە» دېدى خېشىڭلۇ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ۋاڭ تېي.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ئىگدارلىق مىقدارى 5 مىليون 490 مىڭغا يەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان يېنىك يول قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ %75.7نى ئىگىلىدى، ئالاقە تورى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان يول قاتناش قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلار ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %32.3 ئاشتى، ئالاقە تورى ئارقىلىق موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ نومۇر تاختىسىنى ئالدىن تاللىغانلار %104.7 ئاشتى، ئالاقە تورى ئارقىلىق موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ نومۇر تاختىسى، كىنىشكىسىنى تولۇقلاش، ئالماشتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرگەنلەر %860 ئاشتى، ئالاقە تورى ئارقىلىق تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان ئاپتوموبىللارغا موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى تەكشۈرۈش بەلگىسى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغانلار %781 ئاشتى، ئالاقە تورى ئارقىلىق ھەيدەش كىنىشكىسىنى تولۇقلاش، ئالماشتۇرۇش كەسپىنى بېجىرگەنلەر %392 ئاشتى، 12123 ئاۋازلىق سۇپا كەسپىنى ئىشلەتكەنلەر ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %600 ئاشتى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايون بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتىدە قاتناش باشقۇرۇش كەسپىنى بىر ئىشىكتە بېجىرىش، بىر كۆزنەكتە بېجىرىش، بىر كىنىشكا بىلەنلا بېجىرىش يولغا قويۇلۇپ، «ئالاقە تورى + قاتناش باشقۇرۇش مۇلازىمىتى» چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، ئالاقە تورى، يان تېلېفون، ئاۋازلىق مۇلازىمەتتىن ئىبارەت «ئۈچ بىر گەۋدىلەشكەن» قاتناش ئۇچۇرلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنىدۇ ۋە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قاتناش ساقچى قوماندانلىق سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۈسكۈنىلەر قوللىنىلىپ، ساقچى كۈچى يەنىمۇ ئازاد قىلىنىدۇ، ئۈنۈم ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)